# «14 ـ بەش يىل»نى باشلاش يېڭى مۇساپە ئېچىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«باشلامچىلىق بىلەن يۇقۇمنى كونترول قىلدۇق» «باشلامچىلىق بىلەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق» «باشلامچىلىق بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق»، بۇ قېتىمقى يىغىندا «ئۈچ باشلامچىلىق بىلەن» ئارقىلىق جۇڭگونىڭ بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يۈزلىنىشىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى سۈرەتلەپ بېرىلدى.

«ئۈچ ئېغىر زەربە ئاستىدا ‹ئۈچ باشلامچىلىق بىلەن›نى ئىشقا ئاشۇردى، جۇڭگو بىر مەيدان چىرايلىق جەڭ قىلدى ھەم ‹ئۈچ چوڭ ھاسىلات›نى ئىشقا ئاشۇردى: مول ماددىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؛ مەنىۋى بايلىققا ئېرىشتى؛ زور دەرىجىدە ئاشقان خەلقئارا تەسىر كۈچكە ئېرىشتى. بىزنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىمىز، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىمىز زور دەرىجىدە ئاشتى» دېدى يىغىنغا قاتناشقان بىر يولداش ھاياجانلانغان ھالدا.

كەسكىن، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، مۈشكۈل، ئېغىر دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى.

—— جۇڭگو پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئىقتىسادنىڭ مۇسبەت ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى. 1 ـ پەسىلدە 6.8% تارايدى، 2 ـ پەسىلدە 3.2% ئېشىشقا ئۆزگەردى، 3 ـ پەسىلدە قايتا ئۆرلەپ 4.9%كە يەتتى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشى پەسىلمۇپەسىل ياخشىلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا نورمال ھالەتكە قايتتى، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى 100 تىرىليون يۈەندىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ. پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قەدىمى تېزلىتىلدى، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى، يېڭى كەسىپ ھالىتى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. جۇڭگو ئىقتىسادى خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرىدىغان كۈچلۈك ئىقتىدارنى، قەتئىي ئېلاستىكلىقنى نامايان قىلدى.

—— ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يىل بېشىدا يېزىلاردىكى قېپقالغان 5 مىليون 510 مىڭ نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى، 52 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى سىجىل ياخشىلاندى، يېشىل تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. بىر تۈركۈم ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپ «دەل جايىدا تۈگىتىلدى»، پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

—— ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە مۇھىم بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق مۇھىم، زور ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا قويۇلدى، تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورتى ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئاشتى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى، رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىمزالاندى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا قايتا يولغا چىقتى.

—— خەلق تۇرمۇشى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى. شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 11 مىليوندىن ئاشتى، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئاساسىي جەھەتتىن ماس قەدەمدە بولدى. مەدەنىيەت ـ ساياھەت، ئىجتىمائىي كاپالەت، ئاممىۋى سەھىيە، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، كاپالەتلىك تۇرالغۇ قاتارلىق ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش خىزمىتى تېز ئالغا سىلجىتىلدى. بازار تەمىناتى يېتەرلىك، باھا ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى.

2020 ـ يىل يەنە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل. بەش يىل سىجىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يەنە يېڭى چوڭ پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى چوڭ بىر قەدەم تاشلاندى.

«دۆلىتىمىز دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشىدە شامالغا قارشى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىدى، ئۇنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا ئىپتىخارلىق بىلەن يېزىشقا بولىدۇ» «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىمتىھان قەغىزىگە يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى جاۋاب بېرىلىپ، تۈرلۈك ئامال ـ چارىلەر بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ‹جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى›نىڭ روشەن ئەۋزەللىكى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىندى»... گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلغاندا، بۇ بىر يىلدىكى جاپالىق ۋەزىيەت ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار قىزغىن سۆزلىدى، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.

جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى باشتىن كەچۈردۇق، نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

پۈتۈن يەر شارىغا نەزەر سالغاندا، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى» بىلەن «غەربتىكى مالىمانچىلىق»نىڭ سېلىشتۇرمىسى تېخىمۇ روشەن بولدى، خەلق ئاممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلدى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى، تېخىمۇ چىن قەلبىدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن پەخىرلەندى.

### قىممەتلىك ئىلھام

**—— مۇھىم، زور پەيتتە، مۇھىم، زور سىناقتا، كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇش چوڭقۇرلاشتى، «بەش تۈپ»نىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىلھاملاندۇرۇشقا تولغان**

يىغىندا تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ئەمەلىيىتىدە، بىز كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق:

«پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ تايانچى»؛

«خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش توغرا تاللاشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى»؛

«تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى»؛

«ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىجادىي تاقابىل تۇرۇش كرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى»؛

«پەن ـ تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ تىرەك»؛

يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ «بەش تۈپ» تەجرىبە ئىلگىرىكىنى يەكۈنلەپ، كەلگۈسىگە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

«بۇ ‹بەش تۈپ› ھەم قانۇنىيەت، ھەم تەجرىبە، بىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىكى تۈپ مىزانىمىز.» يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇزاكىرە داۋامىدا ئومۇميۈزلۈك مۇنداق قارىدى: بۇ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسىنىڭ يۈكسەك يىغىنچاقلىنىشى.

«بەش تۈپ» ئىچىدە «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ تايانچى» دېگەن بۇ مەزمۇن ھەم بىرتۇتاش يېتەكچى ھەم ئاچقۇچ.

يىغىندا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: مۇھىم، زور تارىخىي پەيتتە، مۇھىم، زور سىناق ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى، ھەرىكەت ئىقتىدارى ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە.

«جۇڭگونىڭ كرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، شامالغا قارشى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ قولغا كەلتۈرگەن قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلىرى تاسادىپىيلىق ئەمەس، تەلىيىدىنمۇ ئەمەس، ئەڭ نېگىزلىك بولغىنى باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يول باشلاپ رولچى بولغانلىقىدا.» ھۆججەت تۈزۈش گۇرۇپپىسىنىڭ بىر ئەزاسى مۇشۇنداق بىلدۈردى.

كەسكىن تەدبىر بەلگىلەپ، ۋۇخەندە شەھەرنى قامال قىلىشنى يولغا قويۇشتىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىچە، پۈتۈن دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلىشتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقىچە... كۆپ خىل بىرىكمە تىپتىكى زەربە ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پەۋقۇلئاددە تەدبىر بىلەن پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەپ، ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈپ قوماندانلىق قىلىپ، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق ۋە رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭ پىكىر يولى، چوڭ ئەندىزە بىلەن چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى قالتىس ئىقتىدارنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

«بۇ يىل قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيەت داۋامىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى، مول نەتىجىسى.» يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلغاندا چىن كۆڭلىدىن شۇنداق دېدى.

«خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش» «تۈزۈم ئەۋزەللىكى» «ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىجادىي تاقابىل تۇرۇش» «پەن ـ تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش»... ھەربىر «تۈپ»نىڭ ھەممىسى ئىلھامغا تولغان. بۇ بىباھا قىممەتلىك تەجرىبىلەر كىشىلەرنى باشتىن ـ ئاخىر قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدۇ.

ئاي شارىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ قايتىش، ئارزۇنى قوغلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش.

«بۇ، يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەت»، 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەخسۇس تېلېگىرامما ئەۋەتىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن ئاينى چارلاش قۇرۇلۇشى چاڭئې 5 ـ نومۇر ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

يىغىن ئېچىلغان مەزگىلدە، تەخمىنەن ئىككى كىلوگرام ئاي تۇپىسى ئالغان چاڭئې 5 ـ نومۇر چارلاش ئۈسكۈنىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتىپ كەلگەنلىكى يىغىنغا قاتناشقان خادىملارنىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە قىزغىن مۇھاكىمىسىنى قوزغىدى.

«پەن ـ تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ تىرىكى، بۇ مەزمۇندىن بىز تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇق.» پەن ـ تېخنىكا تارمىقىدىن كەلگەن يىغىنغا قاتناشقان بىر يولداش مۇنداق بىلدۈردى: «فېندوۋجې» ناملىق چوڭقۇركۆنىڭ 10 مىڭ مېتىرلىق دېڭىز ئاستى سىنىقىنى تاماملىشىدىن «جيۇجاڭ» كۋانت كومپيۇتېرىنى تەتقىق قىلىپ ياساشتا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگىچە بولغان بىر قاتار يېڭىلىق يارىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىغا يېقىنلاشقاندا چاقناپ مەيدانغا كېلىشى جۇڭگونىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك قەدىمىنى دەللىلمەكتە.

«ھەر قېتىم يىغىنغا قاتنىشىپ، ھەر قېتىم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنى، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشىنى ئاڭلىساق ئىشەنچىمىز تېخىمۇ چېڭىيدۇ!» «چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا يادروغا قارايمىز، كۈچلۈك يۆلەنچۈكىمىز ئىشىنىشكە ئەرزىيدۇ!» يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، «بەش تۈپ»تىن ئىبارەت قانۇنىيەتلىك تەجرىبىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرساقلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرى چوقۇم يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇپ، يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى ئۈزلۈكسىز يارىتالايدۇ.

### يېڭى ۋەزىيەت ئېچىش

**—— يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى، يېڭى كۈرەشتە، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا كېلەر يىلى تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، يېڭى كەيپىيات ھاسىل قىلىش**

جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ پاراخوت دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى ھەيۋەتلىك دېڭىز تەۋەلىكىگە كىردى.

2021 ـ يىلى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل بولىدۇ —— «14 ـ بەش يىل» باشلىنىدۇ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسى ئېچىلىدۇ.

لېكىن ئالغا ئىلگىرىلەش يولى ھەرگىزمۇ تۈپتۈز ئەمەس، غەلىبە قىرغىقىغا يېقىنلاشقانسېرى دۇچ كېلىدىغان سىناقمۇ شۇنچە كەسكىن بولىدۇ، شىددەتلىك ئېقىن، خەتەرلىك ساھىلغا دۇچ كېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

پۈتۈن يەر شارىغا نەزەر سالساق، ئادەتتىن تاشقىرى قوزغىتىش سىياسىتى، تۆۋەن ئاساسىي سان ۋە ۋاكسىنا تەرەققىياتى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئورتاق تەسىرىدە، كېلەر يىلى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىشىدىن ئۈمىد بار، لېكىن 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى، ۋەزىيەت يەنىلا چىگىش، مۇرەككەپ، يۇقۇم زەربىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈرلۈك ھاسىلىي خەۋپ ـ خەتەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

دۆلەت ئىچىگە نەزەر سالساق، جۇڭگو ئىقتىسادى سىجىل قايتا جانلىنىپ، ۋەزىيەت ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، لېكىن يۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تاشقى مۇھىتتا نۇرغۇن ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئاساسى تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، كېلەر يىلى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدە ئالدىدا يۇقىرى بولۇش، كەينىدە تۆۋەنلەش ھالىتى كۆرۈلۈشى مۇمكىن، قانداق قىلغاندا ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئايلىنىشىنى ساقلاش بىر چوڭ سىناق.

«مۇرەككەپ، كەسكىن تاشقى مۇھىت ئالدىدا، ئاچقۇچ ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىشتا».

«بىز كۆلىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئەسلىگە كېلىشى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك».

مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىنىپ، يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىگە قارىتا ئومۇمىي تەلەپ ۋە سىياسەت يۆنىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ——

مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇقەننى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىش...

ماكرولۇق سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى، مۇقىملىقى، ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقىنى ساقلاش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ۋە پۇختا، ساغلام پۇل سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى زۆرۈر قوللاش سالمىقىنى ساقلاپ، سىياسەت مەشغۇلاتىدا تېخىمۇ دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولۇپ، جىددىي بۇرۇلۇش قىلماي، سىياسەتنىڭ ۋاقىت، ئۆلچەم، ئۈنۈمنى ياخشى ئىگىلىش كېرەك...

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش —— بۇ، بۇ قېتىمقى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان خىزمەتلەردىكى روشەن يۆنىلىش.

«كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇنداق ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: «يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا كېلەر يىلى تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، يېڭى كەيپىيات ھاسىل قىلىش كېرەك».

يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ تۇتۇپ، ئېھتىياج تەرەپلىك باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت، ئىستېمالدىن ئىبارەت ھەرقايسى ھالقىلارنى تۇتاشتۇرۇپ، ئېھتىياج تەمىناتنى يېتەكلەيدىغان، تەمىنات ئېھتىياجنى يارىتىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىنىپ، يىغىندا كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ سەككىز تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى: دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن ـ تېخنىكا كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش؛ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش؛ ئۇرۇقلۇق ۋە تېرىلغۇ يەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش؛ مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش بىلەن كاپىتالنىڭ تەرتىپسىز كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۇرالغۇ جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىش؛ كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق قارىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ۋەزىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەنگەن، ئىدىيەسى چوڭقۇر بولۇپ، ھەم يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىلگەن، ھەم يول ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، ھەم پۈتۈن ۋەزىيەت ئىگىلەنگەن، ھەم مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، يۆنىلىش خاراكتېرلىك، تۈپ خاراكتېرلىك، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك بىر قاتار مەسىلىلەر چوڭقۇر شەرھلەنگەن.

«دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن ـ تېخنىكا كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش» سەككىز چوڭ نۇقتىلىق ۋەزىپە ئىچىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىدىمۇ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرلۈك ۋەزىپىلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلدى. كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان يەر شارىۋى پەن ـ تېخنىكا رىقابىتى ئالدىدا، يىغىندا دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى تەشكىللىگۈچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياج يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يۆنىلىشى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەۋپسىزلىكىنى چەكلەپ تۇرىۋاتقان مۇھىم، زور قىيىن مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئىختىساسلىقلار ۋە مېخانىزمدىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچلۇق نۇقتىنى ياخشى تۇتۇش تەكىتلەندى.

كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى. يىغىندا ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم «گالنى بوغۇدىغان» مەسىلىلەرنى تېزدىن ھەل قىلىپ، كەسىپتىكى ئەۋزەل ساھەلەردە تۇجۇپلەپ ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ خاس ئالاھىدە ماھارەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش... كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئارتۇقچىلىقلارنى مۇستەھكەملەپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«ئۇرۇقلۇق ۋە تېرىلغۇ يەر مەسىلىسى»گە مىسلىسىز ئەھمىيەت بېرىلدى. ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىسىدىن يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئۇرۇقلۇق مەنبەسىدىكى «گالنى بوغۇدىغان» تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىر مەيدان ئۇرۇقچىلىقتا قەد كۆتۈرۈش جېڭى قىلىشقا ئىرادە باغلاش كېرەك. 1 مىليارد 800 مىليون مو تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقنى چىڭ ساقلاپ، قەتئىي تۈردە تېرىلغۇ يەرنى «يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش»نى توسۇپ، «ئاشلىقتىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش»نىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەش بىلەن تولۇقلاشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

«مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇشنى ۋە كاپىتالنىڭ تەرتىپسىز كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش» ئۇزاققا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە دىققەتنى تارتتى. يىغىندا مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇشنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلدى. دۆلەتنىڭ سۇپا كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىنى، خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى قوللايدىغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قائىدە ـ تۈزۈمنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مونوپوللۇق ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش تەكىتلەندى.

«چوڭ شەھەرلەرنىڭ تۇرالغۇ جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىش» پۇقرالارنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك. بۇ قېتىمقى يىغىندا «ئۆينى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلماي تۇرالغۇ قىلىش»تەك ئورۇن بېكىتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم يېقىنقى مەزگىلدىكى «تۇخۇم شاكىلى ياتاق بىناسى» قاتارلىق مەسىلىلەرنى دەل جايىدا كۆزدە تۇتۇپ، «ئۇزاق مۇددەت ئىجارە ئېلىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئىجارە ئۆي بىلەن سېتىۋالغان ئۆينىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولۇش جەھەتتە تەدرىجىي ئوخشاش ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە ئىگە قىلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجارە ئۆي بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى...

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)